





# THE FOOLISH TORTOISE

# دۆت تاشپاقا


ئاپتورى:ئىرك كارل

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال






بىر تاشپاقا كۆنبويى يوليۆرۆپ بەكمۇ تويۇپ كېتىپتۇ.





شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاشۇ ھەم قوپال ھەم

قاتتىق ،كېلەڭسىز قېپىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپتۇ .

ـ ۋاھ! خويمۇ راھەتلىنىپ كەتتىما! ـ دەپ

ۋارقىرىۋېتىپتۇ تاشپاقا ، ـ ئەمدى مەن بۇ دۇنيانى تېزرەك

كۆرەلەيدىغان بولدۇم!




قارىماققا ئۆنىڭ مېڭىشى سەل تېزلەشكەندەك قىلغان
بىلەن،ئۇ يەنىلا بىر تاشپاقىدە،قانچىلىكمۇ تېز مېڭىپ
كېتەلىسۇن؟يەنە كېلىپ ئۆنىڭ قېپى يىراقتا قالغان،ئۇ
ئۈچۈپ كەلگەن بىر تال چوڭ سېرىق ھەرىنىڭ
غوڭۇلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپمۇ تېزلىك بىلەن بىر قورام
تاشنىڭ ئاستىغا مۆكۈنۋاپتۇ .
يەنە بىر ئېچىرقاپ كەتكەن يوغان قۇش شۇڭغۇپ
چۈشكەن ئىكەن،بۇ تاشپاقا ئۇ چوڭ قۇشنىڭ ۋەھشىي

قياپتى ۋە تېزلىكنى كۆرۈپ بىر تۇپ دەرەخنىڭ

كەينىگە مۆكىنىۋالغۇچە قورققىنىدىن ئىككى پۇتىدا

جان قالماپتۇ.




ئۇ بىر دەريا بويىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چاغدا، بىر تال


چوڭ يىرتقۇچ بىلىق سۇ يۈزىگە سەكرەپ چىقىپ

تاشپاقىنى قورقىتىۋېتىپتۇ.

ـ ئاھ،نېمە دېگەن قورقۇنۇچلۇق! ھەممە يەر

خەۋپ ـ خەتەرگە تولۇپ كېتىپتىكەنغۇ! ـ دەپتۇ

تاشپاقا.



www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ بۇ قەھرىمانىمىز ئالدىدىكى يولدا يەنە بىر ۋەقەگە ئۇچرىغىلى تاسلا قاپتۇ. بىر يىلان ئاغزىنى ئاچقىنچە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپتۇ. بۇ تاشپاقا كەينىچىلەپ چېكىنىپ قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ.




يولدا، بىر ياۋا توشقان، بىر ئوۋ ئىتى ۋە بىر ئات

يۆگۆرۈش مۇسابىقىسى قىلىۋاتقانىكەن،ئۇلار شۇنداق

تېز يۆگۆرىشىپتۇ! ئۇچقاندەك تېز يۆگۆرەپتۇ! تاشپاقا

ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ تۇرۇپ، كۆزلىرىنى چوڭ

ئاچقىنىچە:ئاھ! مەن مەڭگۈ بۇنداق تېز

يۆگۆرىيەلمەيمەندە! ـ دەپ ئاھ ئۇرۇپ خورسىنىپتۇ.



تاشپاقا يولدا ئۆياقتىن بۆياققا مېڭىپ يۈرۈپتۇ،قۇياش


بارغانسېرى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ،چوڭقىيىپتۇ.تاشپاقا:مەن

تېزرەك سالقىن بىر جاي تاپاي!-دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئەمما تۇيۇقسىز،ئۇنىڭ باش ئۈستىنى بۇلۇت

قاپلاپ،يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ.ئۇنىڭ ئۈستى-بېشى

چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ.





قاتتىق شامال چىققىلى تۇرۇپتۇ،ناھايىتى تېزلا

دەل ـ دەرەخلەر شامالدا ئېگىلىپ كېتىپتۇ .

ـ نېمە دېگەن سوغۇق ھە! ـ دەپتۇ تاشپاقا لاغىلداپ

تىترەپ تۇرۇپ ـ نېمىشقىمۇ شۇنچىۋالا دۆتلۈك قىلىپ

قېپىمنى تاشلىۋەتكەن بولغىيدىم!




شۇنداق قىلىپ،تاشپاقا قايتىش يولىغا چۈشۈپتۇ،ئۇ
ئاشۇ ھەم چوڭ ھەم كېلەڭسىز قېپىنى قايتا كۆرگەن
چېغىدا ،ئۇ خورسىنىپ تۇرۇپ ئويلاپتۇ:ھەي! مېنىڭچە
مەن ھازىر دۇنيانى ساياھەت قىلىدىغان خىيالىمنى
تاشلىشىم كېرەك.مەن ئۆيگە قايتىمەن،قېپىمسىز ياشاش
مەن ئۈچۈن شۇنداق ئېچىنىشلىق بىر ئىشكەن!




ئۇ قايتا قېپىنىڭ ئىچگە كىرىپتۇ ۋە شۇنداق

دەپتۇ:خەيرلىك كەچ!

دىققەت! كىتاب تەرجىمىسىنى ھېچكىمگە بېرىشكە ۋە

ھەرقانداق سودا شەكلىدە پايدىلىنىشقا قەتئىي

بولمايدۇ!باشقىلارنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلماڭ!